# شىنجاڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ شادلىق باغچىسى

(بېشى 1 - بەتتە)

تېررورىزم، ئەسەبىيزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يامرىشىنىڭ تەسىرىدە، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىنىنى دەستەك قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھە دەپ تارقىتىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، قۇترىتقۇلۇق قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلدى. 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)لىرىنى تۇغدۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا مايىللىشىپ، قانۇن بويىچە ئىنتايىن ئاز ساندىكى جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى جازالاش بىلەن بىللە، پائال ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ كۆپ ساندىكىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇردى، تەربىيەلىدى، قۇتقۇزۇۋالدى. تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە، ئەسەبىيزم پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا كۈشكۈرتۈلگەن، مەجبۇرلانغان، قايمۇقتۇرۇلغان ياكى تېررورلۇق پائالىيىتىگە، ئەسەبىيزم پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئەھۋالى يېنىك بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلەرگە؛ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە، ئەسەبىيزم پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا كۈشكۈرتۈلگەن، مەجبۇرلانغان، قايمۇقتۇرۇلغان ياكى تېررورلۇق پائالىيىتىگە، ئەسەبىيزم پائالىيىتىگە قاتناشقان، رېئال خەۋپى بولغان، تېخى رېئال خەۋپ ئاقىۋىتى پەيدا قىلمىغان، جىنايىتىنى تونۇپ، جىنايىتىگە پۇشايمان قىلغان، قانۇن بويىچە جىنايى جازا ھۆكۈم قىلىش زۆرۈر بولمىغان ياكى جىنايى جازاسى كەچۈرۈم قىلىنغان كىشىلەرگە قارىتا، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئۇلارنى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن بىلىملىرىنى ئىگىلەش، تىل ئالاقىسى ھەمدە ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى، ئۇلارنى تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشتىن ساقلاش ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ بىر تەدبىر تېررورىزم، ئەسەبىيزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋېلىپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، ئەڭ زور چەكتە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىشىنى كاپالەتلەندۈردى.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ، پۇقرالار خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى، خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقلىرى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا ئۇيغۇن.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار باشقىلارنىڭ ياخشى بولۇشىنى كۆرەلمەيدۇ، قايسى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى تېز، سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولسا، ئامېرىكا شۇ ھامان جان - جەھلى بىلەن ئاماللىنىڭ بارىچە قول تىقىپ، ئۇ يەردە مالىمانچىلىق، ئەنسىزلىك پەيدا قىلىدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق»نى قوغداشنى دەستەك قىلىپ جۇڭگوغا قول تىقىشتىكى مەقسىتى ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ ئامېرىكا تەرەپنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش»قا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش مۇساپىسىدە باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق بولغان مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان دىنلار مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى، راۋاجلاندۇردى ۋە مۇستەھكەملىدى. ھازىر شىنجاڭدا ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ، دىنلار ئېچىل - رايىش، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ھەرقانداق كۈچ گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ! ئامېرىكا، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە قاراتقان بۇزغۇنچىلىقى پەقەت ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

# ئامېرىكىنىڭ «قوش ئۆلچەمدىكى كىشىلىك ھوقۇقى» تېررورىزمغا يانتاياق بولغانلىق

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بىر ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يامرىشىنىڭ تەسىرىدە، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىنىنى دەستەك قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھە دەپ تارقىتىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، قۇترىتقۇلۇق قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلدى. 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى تۇغدۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ ئۈنۈملۈك يوقىتىلىشىغا، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىغا، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشىغا، مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ باھا بېرىشىگە ئېرىشتى. مۇشۇنداق ئاساسىي پاكىتنى ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئىدېئولوگىيە رەڭلىك كۆزەينەكنى تاقىۋېلىپ، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋېلىپلا قالماستىن، ئەكسىچە ئەتەي داغ تەگكۈزدى، قەستەن قارا چاپلىدى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش رەزىل نىيىتىنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلدى.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى ئىزچىل ئۆزلىرىنى «كىشىلىك ھوقۇق مۇھاپىزەتچىسى» دەپ ھېسابلاپ، قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىنى ئۆكتەملىك بىلەن ئەيىبلىدى. ئامېرىكا تەرەپ بىزنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىمىزگە «جازا لاگېرى» دەپ قارا چاپلاپ، بىزنى كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلمىدى، دەپ ئەيىبلىدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەكتىپى، تەربىيەلەنگۈچىلەر ھەقسىز دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگەندى، قانۇن ئۆگەندى، ماھارەت ئۆگەندى؛ تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى، تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۆگەنگەن بىلىمى ۋە ماھارىتىدىن پايدىلىنىپ مۇۋاپىق خىزمەت تېپىپ، بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق پۈتۈن ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. سوراپ باقسام، مۇشۇنداق جاينى «جازا لاگېرى» دەپ ئاتاشقا بولامدۇ؟ ئامېرىكا تەرەپ بىزنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىمىزگە قارا چاپلاپ، بىزگە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى بوغدى، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلىدى، دەپ تۆھمەت قىلدى. لېكىن رېئاللىقتا، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاق، ھەر مىللەت خەلق خۇددى ئۇرۇق - تۇغقانغا ئوخشايدۇ، كۆپچىلىك بىر - بىرىنى يوقلاپ، بايرامنى بىللە ئۆتكۈزىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى مىسلىسىز گۈللەندى ۋە راۋاجلاندى. مەن بىر ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان ئىشلارنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىدىم. مېنىڭ كۆرگىنىم شۇكى، دىنىي ساھەدىكى نۇرغۇن زات خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلاندى، ھەربىر دىنىي سورۇندا «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش»، «توققۇزنى سەپلەش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»دە بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرى توغرىسىدا قالايمىقان بىلجىرلاندى، مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇكى، «قانۇن لايىھەسى»نى تۈزگەن ۋە بېلەت تاشلىغان كىشىلەردىن قانچىسى شىنجاڭغا كېلىپ باققان؟ قانچىسى شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ باققان؟ سىلەر راستىنلا شىنجاڭنى چۈشىنەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ قۇرۇق گەپ ساتىدىغانغا نېمە سالاھىيىتىڭلار بار! يالغانچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار بۇ «قانۇن لايىھەسى» پەقەت بىر پارچە كېرەكسىز قەغەز، بۇنىڭ ھەممىسى پەقەت ئامېرىكا تەرەپ «كىشىلىك ھوقۇق» «دېموكراتىيە»گە كىيگۈزگەن تون، ئۆزىنىڭ قەبىھ مەقسىتىگە يېتىشتىكى ئېپلاس ۋاستىسى، خالاس. ئازراقلا ئەقەللىي ساۋاتى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىچە «كىشىلىك ھوقۇق» «دېموكراتىيە»نىڭ چېقىرىلمىشى قانداق ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئافغانىستاندىن تارتىپ ئىراققىچە، لىۋىيەدىن تارتىپ سۈرىيەگىچە قايسى بىر يەردە ئۇرۇش ئوتى پەلەككە يېتىپ زېمىنى خارابىلىككە ئايلانمىغان؟ قايسى بىر يەردە جەمئىيەت داۋالغۇمىغان، زوراۋانلىق - مالىمانچىلىق ئۈزۈلمەي يۈز بەرمىگەن؟ بۇ يەردە مەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چاپماڭلار، قوش ئۆلچەم قوللانماڭلار، تېررورىزمغا يانتاياق بولماڭلار! جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى بۇرمىلىماڭلار، قارا چاپلىماڭلار ۋە ئاساسسىز ئەيىبلىمەڭلار! جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشماڭلار! بۇنداق قىلساڭلار خاتا يولدا ماڭغانسېرى يىراقلاپ كېتىسىلەر، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ئۆزۈڭلارنىڭ بېشىغا چىقىسىلەر!

ھەر مىللەت ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار، تارىخ مۇقەررەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئازارچىلىق سالىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھامان تارىخنىڭ كۆلكە دەستىكى بولۇپ قالىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ قان - قېرىنداش تەركىبىي قىسمى، بىز ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى. شىنجاڭنىڭ گۈللىنىپ مۇقىم بولۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى سىجىل ساقلىنىشى دەل ئەڭ كەڭ خەلق رايى ۋە ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق، دەل ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن ئەيىبلىشىگە ۋە قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشىغا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بولۇپ، ئامېرىكا تەرەپتىكى رەڭلىك كۆزەينەك تاقىۋالغان ئاشۇ سىياسەتۋازلارنى يىغلاتسۇن!

# پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇقىملىق، تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مائارىپ خىزمىتى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى چىڭ تۇتۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىللىق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇقىملىق، تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك.

لى پېڭشىن چاغانتوقاي ناھىيەسى شياڭيىڭخۇا دېھقانلار تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى، جېڭىس يېزىسىنىڭ جېڭىس كەنتى، تولى ناھىيەسىنىڭ دولاتى يېزىسى جاماتى كەنتى، تولى ناھىيەسى لۈجىفېڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تيانشان شياۋگې يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، تولى ناھىيەسى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزى، قۇبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسى ۋە قۇبۇقسار بازىرى نامراتلارنى يۆلەش - ئىگىلىك تىكلەش سېخى، جېمىنەي ناھىيەسىنىڭ قارجاۋ بازىرى ساپاق كەنتى، يۈبوخۇي چارۋىچىلىق تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە بېرىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، نامرات ئامما، كارخانا ۋەكىللىرى قاتارلىقلار بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق ئەھۋاللارنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋە «قىشلىق ھۇجۇم»نىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭىتىپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە جەڭنى ھەرگىز توختاتماسلىق كېرەك. بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تۇتۇش، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچنى كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، «توققۇز ئېنىق بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كۈچەش كېرەك. كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ياخشى تۇتۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ خاس دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش رولى روشەن بولغان باشلامچى كارخانىلار ۋە كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈپ، زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ھەم قانچە كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرەلەيدىغان، ھەم نامراتلىقتىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرەلەيدىغان بولۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىنىڭ پۇختا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن يەنە چاغانتوقاي ناھىيەلىك 1 - قوش تىل يەسلىسى، قۇبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەلىك چېڭگۈەن باشلانغۇچ مەكتىپى، جۇڭگو نېفت داشۆسى (بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى خۇۋبو شۆيۈەنىگە بېرىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بايلىقى كۈچى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، مەكتەپنىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىكى، ئوقۇتۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، تېگى - تەكتىنى ھەقىقىي ئېنىقلاپ، ئېشىش مىقدارىدىن دەل جايىدا ياخشى پايدىلىنىپ، ساقلانما مىقدارنى مۇۋاپىق جانلاندۇرۇپ، كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئادەمنى ئېلىپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دەۋر ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن جۇڭگو نېفت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى قاراماي نېفت - خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قاراماي كەسىپتە يېڭىلىق يارىتىش مۇلازىمەت مەركىزى، قاراماي شەھەرلىك مەمۇرىيەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىگە بېرىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپنى يۇقىرى قىممەت زەنجىرىگە تۇتاشتۇرۇشقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا ھەقىقىي مېڭىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

# «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

دىققەتنى دەل جايىدا بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، سىياسەت كاپالىتى جايىدا بولۇش، مەبلەغ سېلىنمىسى جايىدا بولۇش، كەسىپ ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش جايىدا بولۇش، تۈر ئورۇنلاشتۇرۇشى جايىدا بولۇش، خەلق تۇرمۇشى مۇلازىمىتى جايىدا بولۇش، جەمئىيەتنىڭ ياردەم بېرىش - يۆلىشى جايىدا بولۇش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى قوللاش جايىدا بولۇش، ئاممىنىڭ قاتنىشىشى جايىدا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ كۈچىنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ قورغاننى ئالىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كىردى، ھۆكۈمەت پارتگورۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتگورۇپپىسى ھەم ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئىزلىنىپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامراتلىقتىن ئىبارەت بۇ قىيىننىڭ قىيىنىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نىشان، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتنى ئۈستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى، سىياسەت جەھەتتىن قوللاشنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى، جەمئىيەت ياردەم بېرىش - يۆلەشنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا يەنىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، دەل جايىدا كۈچەپ، ئۆتكەلگە مەركەزلىك ھۇجۇم قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: نىشان، ئۆلچەمنى چىڭىتىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ مۇتلەق نامراتلىقنى ھەل قىلىپ، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، ئۆلچەمنى ئۈستۈرۈۋەتمەسلىك، كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساختىلىق ئىشلەتمەسلىك، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك كېرەك؛ ھەم ئالدىغا ئۆتۈۋالماي، ھەم قەستەن كەينىگە سۆرىمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سىجىل دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، «ئالتە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، مەسىلە ئېنىقلانمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىك، مەسئۇلىيەت ئەمەلىيلەشمىگۈچە قويۇۋەتمەسلىك، تۈزىتىش جايىدا بولمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىك، ئامما رازى بولمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، «قوش گۇرۇپپا باشلىقى» تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئورتاق تۇتۇش، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ھەمكارلىشىپ تۇتۇش كېرەك. ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت، تېخىمۇ پۇختا خىزمەت ئىستىلى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشتىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.